


غۇنچىلار

مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

نەفسە تاتلىق-تۈرۈملەرگە تولىمۇ ئامراق قىز بولۇپ، ناھايىتى كۆپ يەيدىكەن.



ئانىسى ھەردائىم ئۇنىڭغا:- قىزىم، تاتلىق-تۈرۈملەرنى كۆپ يېسىڭىز چىشلىرىڭىزنى قۇرت يەپ كېتىدۇ،- دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرىدىكەن. نەفىسە ئانىسىغا:- مەن تاتلىق-تۈرۈملەرگە بەك ئامراق، يېمىسەم چىدىيالمايدىكەنمەن، ئاز-تولا يېگەنگە بىرنەرسە بولمايدۇ،- دەيدىكەن.



نەفسە ئانىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي بىر كۈنى دوستلىرى بىلەن ناھايىتى كۆپ تاتلىق-تۈرۈم يەۋاپتۇ.



ئۇ شۇ كۈنى كەچتە چىشلىرىنى چوتكىلىمايلا ئۇخلاپ قاپتۇ، دەل بۇ ۋاقىتتا قۇرتلار كېلىپ، ئۇنىڭ چىشلىرىنى راسا مەززە قىلىپ يەپ كېتىپتۇ.



نەفىسە ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا ئۇنىڭ چىشلىرى ھەدەپ ئاغرىشقا باشلاپتۇ.



ئۇ ئاغرىققا چىدىيالماي ۋايجانلاپ، ئانىسى ئاخىرى ئۇنى دوختۇرغا ئاپىرىپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭ چىشلىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن: ئوماق قىزىم، چىشلىرىڭىزنى قۇرت يەپ كېتىپتۇ، مەن سىزگە دورا يېزىپ بېرەي. تاتلىق تۈرۈملەردىن قەتئىي يىراق تۇرۇڭ، ھەركۈنى ئەتىگەن-كەچتە چىشلىرىڭىزنى چىش پاستىسى بىلەن چوتكىلاشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ،- دەپتۇ.



نەفسە ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن دوختۇرنىڭ نەسىھەتى بويىچە ھەركۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە چىشلىرىنى چوتكىلاپتۇ، تاتلىق-تۈرۈملەر كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ ھەرقانچە يېگۈسى كەپ كەتسىمۇ، سەبىر قىلىپ قەتئىي يېمەپتۇ.



بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن چىش قۇرتى ناھايىتى غەمكىن ھالدا: ھەي... مەن ئەمدى نەفسەنىڭ چىشىنى يېيەلمەيدىغان بولدۇم، ئۇنىڭ چىشلىرى كۈنسىرى پاكىز بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ ھەركۈنى چىش پاستىسى بىلەن چىشلىرىنى چوتكىلاۋاتىدۇ، مەن چىش پاستىسىنىڭ پۇرىقىدىن ناھايىتى يىرگىنىمەن، چىش چوتكىسىنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن، دەرھال ئۆزۈمگە باشقا بىر بىخەتەر جاي تاپاي،- دەپ كېتىپ قاپتۇ.



نەفسە چىشلىرىنىڭ ئاغرىقى بېسىققانلىقىنى كۆرۈپ
ئانىسىغا رەھمەت ئېيىپتۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ
نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپتۇ.

